# بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشقان

(بېشى 1-بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىنىي زاتلار ۋە ئاممىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقى ئىنتايىن كۆپ بولدى، قىلغان ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلار ئىنتايىن كۆپ بولدى، مەن ساناپ تۈگىتەلمەيمەن. مەسىلەن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە بىز دىنىي زاتلارغا داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەردى، بىزگە ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى... بۇنىڭدىن بىز ھەقىقەتەن ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدۇق.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ھىدايىتۇللا ھوشۇر:

**مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، سىز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىدىن خۇشال بولىسىز**

كۆز بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرگىلى، قولاق بىلەن پاكىتنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ، شىنجاڭغا كەلسىڭىزلا، سىز بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىدىن خۇشال بولىسىز. شۇڭا، ھەممىمىز شۇنى چوڭقۇر بىلىمىزكى: مۇقىملىق بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى بولمايدۇ.

مېنىڭ يۇرتۇم بۆگۈر ناھىيىسىنىڭ بۆگۈر بازىرى، مەن جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى، شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ يىلدىن-يىلغا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ كىرىمىنىڭ يىلدىن-يىلغا ئېشىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ كۆرۈنەرلىك كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم.

بىز پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، قوللاپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، قانۇن بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنلار ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمىز.

مەن ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى قوغداشقا يېتەكلەپ، گۈزەل يۇرت-ماكان قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى كېرەم ئوسمان:

**گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن**

ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تۇغقان دەپ بىلىش، دوست دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىپ، دىنىي زاتلارنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ھەر يىلى بىر قېتىم دىنىي زاتلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتكۈزدى. مىڭدىن ئارتۇق دىنىي زات ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە ۋەكىل، ئەزا بولدى، بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى كۈنسايىن يېڭىلاندى. بىزنىڭ توقسۇ ناھىيىسى ئۈچقات يېزىسى توغراقلىق ئېرىق كەنتىنىڭ قاتنىشى بارغانسېرى قولايلاشتى، ئۇل ئەسلىھەلىرى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بارغانسېرى بېيىدى، تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈنسېرى ئۆستى. يېزىدا ياشاۋاتقان مەن ھەر كۈنى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى ھېس قىلالايمەن.

ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ، كۆپچىلىك بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىر نىيەتتە مۇقىملىقنى ساقلاپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەلگۈسىنى كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ.

مەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىم ۋە زېھنىمنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تىرىشچانلىق بىلەن بېيىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداش، ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قويۇپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

---

(بېشى 1-بەتتە)

13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن سۈن جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەنگەن، ھازىرقى ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان، بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، نىشان-ۋەزىپىسى، نۇقتىلىق خىزمەتلەر ۋە ئاساسلىق تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، تۈرلۈك كۆزلىمە نىشان ھەم كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ھەم ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدۇ، ھەم بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن، ھەم مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، پىكىر يولى ئېنىق، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ.

سۈن جىنلۇڭ مۇنداق كۆرسەتتى: 2019-يىلى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، تەكشى، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى. بۇ گەۋدىلىك نەتىجىلەر ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13-بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

سۈن جىنلۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020-يىلى بىڭتۇەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئورنىنى بېكىتىش تەلىپىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، ئېغىر، زور خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىككى چاق قىلىپ، بىڭتۇەن ئىقتىسادىنىڭ بىر پۈتۈن رىقابەت كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك. بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، ئىقتىسادنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، بىڭتۇەننىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېتەكلەش كۈچى، تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈشى كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، بىڭتۇەن تەۋەلىكىنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1-بەتتە)

خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، لى پېڭشىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرى چىڭ كۆزلەنگەن، بۇلتۇر خۇلاسىلىنىپ، بۇ يىل ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئۇزاق كەلگۈسى كۆزدە تۇتۇلغان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئورۇنلاشتۇرما-تەلەپلىرى بىرمۇبىر كونكرېت نىشان، تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت، بىرمۇبىر خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئۈچۈن دېيىدىغان ئىزچىل مەيدان ۋە روشەن پوزىتسىيە نامايان قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى كۈچلۈك سىگنال تارقىتىلغان، بۇ، ئىشەنچكە تولغان، جەڭگىۋارلىققا ئىلھام بېرىدىغان، قەلب ۋە كۈچ مۇجەسسەملەنگەن ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قوشۇلىمەن.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا پارتىيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىدە ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئاساس سالدۇق. نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ شانلىق يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يول باشلاپ رولچى بولغانلىقىنىڭ، دانا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، يۆنىلىشنى بېكىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. 2020-يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13-بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، «مۇقىم بولۇش»نى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش؛ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش؛ بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دوكلاتتا بېكىتىلگەن «ۋەزىپەنامە» «يول خەرىتىسى» بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھالىتى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 1-بەتتە)

بەخت يەنە گۈزەل يۇرت-ماكاننى ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن قوغداشتىن كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدە، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تەدرىجىي بىر خىل مودىغا ئايلاندى. «ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى ياخشى ئىشلىسەك مۇھىتنى تېخىمۇ رەتلىك، پاكىز قىلىپلا قالماي، يەنە مەھەللىدىن مۇكاپات بۇيۇمى ئالالايمىز، كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى» دېدى ئۈرۈمچى ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) شىمالىي ۋوگزال غەربىي يول كوچا باشقارمىسى شىمالىي ۋوگزال يولى شىمالىي مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سۈن يۇمېي.

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش**

«رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: ‹ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچ بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىنى ياخشى مېڭىشىمىزنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى›. بۇ يىل بىز ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، دىققەتنى ‹ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتى›دىن ئىبارەت بۇ گەۋدىلىك مەسىلىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ياخشى يولغا قويۇپ، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىشنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت كاپالەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىمىز» دەپ بىلدۈردى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە-ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىيۇ جيەنگو.

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىمىي سۆزى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتا چىڭ تۇرۇش، غايە-ئېتىقادنى چىڭ ساقلاشنى يەتكۈزۈپ، بىزگە يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىنى ياخشى مېڭىشىمىزنىڭ مەنىۋى ئۇلۇغ كۈچىنى ھېس قىلدۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ رۇڭ مۇنداق دېدى: 2019-يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىدە مۇقىملىق ئاساسىدا ئېشىش كۆرۈلدى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمى سىجىل كېڭەيدى. «بۇ يىل، بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇشى ئۈمىدكە تولۇپ، ئەمگەك ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى جاڭ رۇڭ.

«ئاتاكىغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىندى. بىز مائارىپنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، تىرىشىپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر پەرھات ھېزىم.

**بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كەلگۈسىنى يارىتىش**

كۈرەش قىلغاندا تارىخنى يارىتقىلى، ئەمەلىي ئىشلىگەندە كەلگۈسىنى يارىتقىلى بولىدۇ.

«جۇڭگو زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە يېڭى كەيپىيات يارىتىلدى، بىزنىڭ كەنتىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى.» بىڭتۇەن 10-شىسى 183-تۇەنىنىڭ ئالتاي شەھىرى چىرىكچى يېزىسىنىڭ ئاقچا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1-شۇجى جاڭ شىن مۇنداق دېدى: «2019-يىلى ئاقچا كەنتىدىكىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15% ئاشتى، پارتىيە ئەزالىرى-كادىرلارنىڭ ئۆيمۇئۆي كۆچمە بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇ يىل، بىز داۋاملىق غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمىز».

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش بۇرغىسىنى چالدى. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىمىز» دەپ بىلدۈردى گۈچۈڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ما شۇدۇڭ.

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ياشلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۈچكە تولدۇردى» دېدى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن شى مىڭلېي. بۇ بىرنەچچە يىلدا، دۆلەت سىياسىتىنىڭ يۆلىشىدە، شى مىڭلېينىڭ كېرەكسىز سولياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. «مەن كەسپىي بىلىمىنى جەمئىيەت ۋە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ياشلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن» دېدى شى مىڭلېي.

**(مۇخبىرلىرىمىز گاۋ ۋا، فۇ شياڭلۇڭ، جاڭ جىلى، جەزىرە نېسىپبېك، لى چۈنشيا، جاۋ شيا، چاۋ جىن، جاڭ تىڭ، دۇ جيەنخۇي، گې يۈۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ياۋ جۈبىن يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)